شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# قەشقەر جۇڭگو - قىرغىزىستان ئىقتىساد - سودىسىنىڭ «ئۆزئارا تولۇقلاپ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش»تىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ليۇ بىڭ، بەي جيالى)** «ھازىر قاراپ باقساق، بىزنىڭ شىنجاڭ قەشقەرنى تاللاپ ماكانلىشىپ، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بازىرىغا يۈزلىنىپ ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشىمىزنى كۆزىمىزنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن، دېيىشكە بولىدۇ» دېدى قەشقەر ئۇۋېيشېڭ ئېنېرگىيە پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لەي نەيشياڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا داتلاشماس پولاتتىن ئىشلەنگەن دانە - دانە توك چۆگۈنلەرنىڭ زاۋۇتتىكى ئىشچىلارنىڭ قولىدا قۇراشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچىنىپ، ئوراپ قاچىلىنىپ ھەم يۈك ئاپتوموبىلىغا سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن.

2017 - يىلى 5 - ئايدا، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئېلېكتىر سايمانلىرى ياسىمىچىلىقىنىڭ بىر قەدەر كەمچىل ئىكەنلىكى، بازار يوشۇرۇن كۈچىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭ قەشقەرنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتىدا رايون ئەۋزەللىكىنى ھازىرلىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، لەي نەيشياڭ كارخانىسىنى شېنجېندىن قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىشنى قارار قىلدى. ئۇنى خۇشال قىلغىنى، 2018 - يىلى، كارخانىنىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستان ئىككى دۆلەتكە ئېكسپورت قىلغان توك چۆگۈنىنىڭ سېتىلىش سوممىسى 16 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەنلىكى.

لەي نەيشياڭغا ئوخشاش، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ئالاقىسىنىڭ كۈنسېرى قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن كارخانىچى دىققىتىنى شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىللىق تۇپراققا مەركەزلەشتۈرۈشكە باشلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا جايلاشقان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىياغا تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار قەشقەرمۇ بارغانسېرى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ 2018 - يىلى، جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان جۇڭگو - قىرغىزىستان - ئۆزبېكىستان خەلقئارا تاشيولى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەر تەدرىجىي ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى جەھەتتە «ئۆزئارا تولۇقلاپ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بازىسىغا ئايلاندى.

قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بەي سەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، توك چۆگۈندىن باشقا، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بازار ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى يەنە توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئېكسپورت تىپىدىكى كارخانىلارنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلغان. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يىل ئىچىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا بازارلىرىغا يۈزلەنگەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 20 مىليون يان تېلېفونغا يېتىدىغان كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

بەي سەن مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىز قىرغىزىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى جەھەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىققا ئىگە، قىرغىزىستاننىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە رۇدا مەھسۇلاتلىرى دۆلىتىمىزدە ناھايىتى زور بازار بوشلۇقىغا ئىگە. بۇ يىل، قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى قىرغىزىستاننىڭ ئىككى ھەسەل پىششىقلاش كارخانىسىنى كىرگۈزۈپ، باجدىن خالىي پىششىقلاش شەكلى ئارقىلىق، قىرغىزىستاننىڭ ئەلا سۈپەتلىك ھەسىلىنى ئىمپورت قىلىپ، پىششىقلاشنى قانات يايدۇرۇپ، قىرغىزىستاندىن ئىمپورت قىلغان ھەسەلنى پىششىقلاش، ياساش، سېتىش مەركىزىنى بەرپا قىلدى. قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى يەنە قىرغىزىستاننىڭ قىزىل ھارىقى، ئاق ھارىقى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ تۈركۈمدە ئىمپورت قىلىپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا باجدىن خالىي سېتىپ، قەشقەردىكى يەرلىك ئىستېمالچىلار ۋە كەڭ ساياھەتچىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن تۈركۈم قېتىمدا جەمئىي 4000 توننىدىن ئارتۇق قىرغىزىستان بارىي سۇلفات پاراشوكى قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونىغا ئىمپورت قىلىنىپ، توپلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بازارلارغا تارقىتىلدى.

«ئوتتۇرا ئاسىيا بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكى قەدەمدە قەشقەر ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى توڭلاتقۇ، توڭلىتىش ساندۇقى قاتارلىق ئاق ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ياساش كارخانىلىرىنىڭ تېزدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىشىنى پائال قوللايدۇ ھەم قىرغىزىستاندىن گىلاس قاتارلىق خاس مېۋىلەرنى ئىمپورت قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ» دېدى بەي سەن.

# «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش» زور دولقۇنى تەدرىجىي ئۆرلىدى مىڭلىغان يەلكەنلىك كېمە بەس - بەستە دەل پەيتىدە ئاتلاندى

## —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا ئۇنىۋېرسال بايان

تىيانشان يەشمىسى

□مۇخبىرىمىز شى خۇيبىيەن

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مەملىكەتلىك ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى ھەپتىلىكى شىنجاڭ شۆبە مەيدان پائالىيىتى باشلاندى، نەچچە ئون مىڭ ئىگىلىك تىكلىگۈچى جەم بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە پىكىرلىشىپ، نەتىجە ئالماشتۇرۇپ، سالاپىتىنى نامايان قىلدى. شىنجاڭ كېتاك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى جاۋ كۈي تۆت نۆۋەتلىك ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش ھەپتىلىكى پائالىيىتىگە ئۇدا قاتناشقان، ئۇ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «ھەر قېتىمدا ئويلىمىغان ھاسىلاتقا ئېرىشتىم».

ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى قوزغىتىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھاياتىي كۈچ مەنبەسى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىدىن 599ى، نۇقتىلىق تەجرىبىخانىدىن 56سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت نۇقتىلىق تەجرىبىخانىسى ئىككى. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىش سۈپىسى 124. 2018 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەر ۋە ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 32.1% ۋە 15.1% ئاشتى. يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش يېڭى نورمال ھالەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلانماقتا.

### «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش»نىڭ مەنبە ئېقىن سۈيىنى قوغداپ بېرىش

### ئىقتىسادىي تەرەققىيات زور دولقۇنغا قوشۇلۇش

2015 - يىلى، ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن جاۋ كۈي، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىگىلىك تىكلىدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ قۇرغان شىركەتنىڭ كەسپى باشقا ئۆلكىلەرگىچە كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، روسىيە ۋە فىلىپپىن قاتارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسەتتى.

2018 - يىلى، شەرقىي شىماللىق يىگىت ۋاڭ تيەنزۇن ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان چۆللۈك ماشىنا ئادىمىنى ئېلىپ شىنجاڭغا كېلىپ ئىگىلىك تىكلىدى، ئۇنى جەلپ قىلغىنى شىنجاڭنىڭ چۆللىشىشنى تىزگىنلەش جەھەتتىكى تېخنىكا ئاساسى ۋە بازار ئەۋزەللىكى ئىدى...

يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تىرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا ھاياتىي كۈچ قوشتى.

2016 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى «تىيانشاندا ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتى»نى قوزغىتىپ يولغا قويۇپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى، پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرگۈچلىرى قاتارلىق يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت سۇپىلىرىنى قۇرۇشنى تېزلەتتى؛ 2018 - يىلى 7 - ئايدا، ئاپتونوم رايون «يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقاتتى، شۇ يىلى 12 - ئايدا «ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ‹ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش›نىڭ دەرىجىسى ئاشۇرۇلغان نۇسخىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىش سىياسەتلىرىنى كۆپلەپ يولغا قويۇشقا ئىلھام بېرىپ، ئىگىلىك تىكلىمەيدىغان، ئىگىلىك تىكلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغانلارغا «خاتىرجەم قىلىش كۈملىچى» يېگۈزدى.

ياخشى يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش، ئىجاد قىلىش مۇھىتى يارىتىلىپ، ئاۋامنىڭ ئىگىلىك تىكلەش كۈچى كۈچلۈك ئۇرغۇتۇلدى، ئاۋامنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھاياتىي كۈچى سىجىل ئۇرغۇتۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1 مىليون 701 مىڭ 300 بازار سۇبيېكتى بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.9% ئاشقان؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن بازار سۇبيېكتى 111 مىڭ 800 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 16.9% ئاشقان؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن 218 مىڭ 500 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان؛ يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگۈچى 22 مىڭ 600 كىشى بولۇپ، 41 مىڭ 800 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغان.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلاردا ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش ھەپتىلىكى پائالىيىتى ھەم يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇسابىقىسى پائال ئالغا سىلجىتىلماقتا. ھەممە كىشى قاتنىشىدىغان، ھەممە كىشى كۈچ چىقىرىدىغان، ھەممە كىشى بەھرىلىنىدىغان يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش ھەرىكىتى شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

### «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش» سۈپىسى مۇھىم ئامىللارنى بىرىكتۈرۈش

### يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇنبەت تۇپرىقىنى يېتىشتۈرۈش

ئۈرۈمچى زەيشيەن شۈربىن ئۈچۈر پەن - تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋېي يىنجېن 12 يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن ئىگىلىك تىكلەشنى تاللىدى، ئۇنىڭغا جاسارەت ۋە كۈچ ئاتا قىلغىنى دەل تۆۋەن تەننەرخلىق، ئەتراپلىق، كەسپلەشكەن «ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش» مۇلازىمەت ۋاستىسى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى، پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرگۈچلىرى، شىچۇاڭ دۇنياسى قاتارلىق تۈرلۈك يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمەت سۇپىلىرىنى قۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز تېزلەتتى. ھازىرغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېنىقلىمىگە ئالدۇرۇلغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرگۈچلەردىن جەمئىي 23ى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكتىن توققۇزى بار؛ ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقىدىن 49ى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكتىن 23ى بار؛ ئېنىقلىمىگە ئالدۇرۇلغان شىچۇاڭ دۇنياسى 42 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىكتىن 34ى بار. 2018 - يىلى، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى، پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنى يېتىلدۈرگۈچلەر قاتارلىقلاردا يېتىلدۈرۈلۈۋاتقان كارخانىدىن 4818ى بولۇپ، جەمئىي ئوقۇش پۈتكۈزگەن كارخانا 685، تەربىيەلىنىپ پىيى بازارغا سېلىنغان، ۋېۋىسكا ئېسىلغان كارخانا 19 بولۇپ، ئىگىلىك تىكلەش كوللېكتىپلىرى ۋە كارخانىلار 40 مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغان.

يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشتە پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى يېڭىلىق ياراتقۇچىلار، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ. قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ئاپتونوم رايون مالىيە مەبلىغى ئاجرىتىپ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىيات فوندى تەسىس قىلدى ھەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى بانكا مەبلىغى، ئىگىلىك تىكلەش سېلىنمىسى كاپىتالى، سۇغۇرتا مەبلىغى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك ئىجتىمائىي كاپىتاللارنى پەن - تېخنىكا تىپىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشكە پائال يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پاتېنت ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى تېز ئالغا سىلجىتتى، 2018 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا پاتېنت ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇشتىن پايدىلىنىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈردى، قەرز ئېلىش سوممىسى 410 مىليون يۈەنگە يەتتى.

كۈنسېرى جۇغلىنىۋاتقان ئىختىساسلىقلار ئەۋزەللىكى، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى سىستېمىسى، تەدرىجىي ئەلالاشۋاتقان مەبلەغ سېلىش - يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىمىتى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش سۈپىسى مۇھىم ئامىللىرى كۈنسېرى بىرىكتۈرۈلدى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، تۈرلۈك - تۈمەن يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش كەيپىياتى ئەۋج ئالدى.

### ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە رايونى قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىش

### پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكى بەرپا قىلىش

2016 - يىلى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسى ۋە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا مىنىستىرلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شېنجېن شەھىرى بىلەن بىرلىشىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئورتاق يولغا قويدى. شىنجاڭ يېڭىلىق يارىتىش سىناق رايونى «بىر رايون، كۆپ باغچە»نى ۋاستە قىلىپ، «بەش جاي، يەتتە باغچە»نى ئالدىن قۇردى. نۆۋەتتە، مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش تۈرىدىن 22سى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ يولغا قويۇلدى، سىرتقا يۈزلەنگەن يېتىلدۈرگۈچتىن يەتتىسى قۇرۇلدى، كەسپ ئىتتىپاقداشلار توپىدىن ئۈچى تەشكىللىنىپ قۇرۇلدى. مۇھىم، زور تېخنىكا ھەمكارلىق تۈرى كېلىشىمدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40ى ئىمزالاندى، چېتىشلىق سوممىسى 21 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

2018 - يىلى 11 - ئايدا، گوۋۇيۈەن ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى تەستىقلاپ ماقۇللىدى. بۇ رايون پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 - دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىغا ئايلاندى.

بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتى ھەپتىلىكى شىنجاڭ شۆبە مەيدانىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى نەق مەيدانىدا، «ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» ئېلان قىلىنىپ، سەككىز جەھەتتىكى 20 ماددىلىق مەزمۇن ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكلەشنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى.

«ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى سەركىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتىنىڭ نازىرى جاڭ شياۋلېي مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ يېڭىلىق يارىتىش سىناق رايونىنى تايانچ قىلىپ، 2020 - يىلغا بارغاندا، ئۈرۈمچى - سانجى - شىخەنزە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى تۈزۈلمە - مېخانىزم، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش مۇھىتى، نۇقتىلىق كەسىپلەر ۋە سۈپەتلىك ماركا يېتىشتۈرۈش، پەن - تېخنىكا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىدۇ. 2025 - يىلغا بارغاندا، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى، تۈرتكە بولۇشى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يېڭىلىق يارىتىش سەۋىيەسىنى تىرىشىپ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن بىر قەدەر كۈچلۈك تۈرتكىلىك رولغا ئىگە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكىگە ئايلىنىمىز.

# شىنجاڭنىڭ ئەترگۈل سورتى دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى خەلقئارا مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى

سېھىرلىك دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى، گۈزەل شىنجاڭ

مۇخبىرىمىز **ليۇ دۇڭلەي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىنىڭ ئەترگۈل تۈرىدىكى خەلقئارا مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ قوللىنىشچان كەسپىي تېخنىكا شۆيۈەنىنىڭ پىروفېسسورلىرى سۈي يۈنجى، گو رۇڭخۇا ئەر - خوتۇن كوللېكتىپنى يېتەكلەپ يېتىشتۈرگەن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئەترگۈل يېڭى سورتى «تىيانشان شياگيۈن» بىلەن «تىيانشان شياگۇاڭ» ئايرىم - ئايرىم ئالتۇن مۇكاپات ۋە مىس مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ ئەنئەنىچۈي بازىرىدىكى بىر كۆچەتزارلىقتا، قويۇق ئۆسكەن ئەترگۈللەر خۇددى خىيالىي دۇنيادىكى ھال رەڭ بۇلۇتلارغا ئوخشايتتى. «مانا بۇ بىزنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن سورتىمىز، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ بۈگۈنگە قەدەر ‹تىيانشان› يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرى يېڭى سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتۇق، بىز بۇ يولدا 40 يىلغا يېقىن ماڭدۇق.» سۈي يۈنجى مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئەترگۈل كۆپ غۇنچىلايدىغان ئەترگۈل، چوڭ گۈللۈك ئەترگۈل، پىلەك غوللۇق ئەترگۈل، يەر يېپىنچىسى ئەترگۈلى، چاتقال ئەترگۈلدىن ئىبارەت بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇ قېتىم مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلغان «تىيانشان شياگيۈن» بىلەن «تىيانشان شياگۇاڭ» بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىدىكى بىردىنبىر سوغۇققا چىدامىلىق ئىككى خىل چاتقال ئەترگۈلى ھېسابلىنىدۇ.

«شىنجاڭدا مول ئازغان تۈردىكى ئۆسۈملۈك بايلىقى بار، ئەترگۈل ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.» سۈي يۈنجى مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدىكى بېيجىڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 86 شەھەر ئەترگۈلنى شەھەر گۈلى قىلىپ بېكىتتى. شۇڭا ئەترگۈل ئىنتايىن ياخشى بازار ئىستىقبالىغا ئىگە».

سۈي يۈنجىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، «تىيانشان شياگيۈن» ئۈچ مۇھىم سۈپەتنى ھازىرلىغان بولۇپ، بۇ، ئۇنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىكەن. بىرىنچىدىن، «كۆركەم» بولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، ھەر تۈپ ئەترگۈلدىن 1000دىن ئارتۇق گۈل ئېچىلىدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، «قەددى - قامەتلىك» بولۇپ، ئەترگۈل سورتىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرغا يېقىن ئىكەن، پورەكلەپ ئېچىلغاندا گۈللەر پۈركەلگەن دەرەخ دېيىشكە بولىدىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، «تەمەن - ساغلام» بولۇپ، نۆۋەتتە جۇڭگودا رويخەتكە ئېلىنغان ئەترگۈل سورتلىرى ئىچىدە شىنجاڭنىڭ «تىيانشان» يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرى بىردىنبىر ئوچۇقچىلىقتا بىۋاستە قىشتىن ئۆتەلەيدىغان سورت ھېسابلىنىدىكەن.

«بۇ سورت يېتىشتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەردە قىشتا ئەترگۈللەرنى ئۆيگە ئەكىرىشكە ياكى ئۇنىڭغا قېلىن ‹كىيىم› كىيدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، بۇ، ئەترگۈلنىڭ مەنزىرە لايىھەلەش، باغ - ئورمان كۆكەرتىشتىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى چەكلەپ قويغانىدى.» سۈي يۈنجى مۇنداق دېدى: «‹تىيانشان› يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرى بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلدى، بۇنىڭ شىمال تەرەپنىڭ ئەترگۈل گۈل - گىياھ كەسپىدىكى ئەھمىيىتى مۇھىم، زور».

بۈگۈنكى كۈندە، سۈي يۈنجى، گو رۇڭخۇا كوللېكتىپى شىنجاڭدا 1000 مودىن ئارتۇق ئەترگۈل ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇردى، يىلىغا تەمىنلەيدىغان تاۋار كۆچەت 20 مىڭ تۈپكە يەتتى.

«ئۇ 2008 - يىلى ئىدى، يېڭى سورتنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، دەل شۇ يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، شياگيۈن مەشئىلى پۈتۈن جۇڭگودا يەتكۈزۈلدى، بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭغا ‹شياگيۈن› دەپ نام بەردۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىيانشان شىنجاڭدىكى ۋەكىللىك تاغ تىزمىسى بولغاچقا، ئۇنى ‹تىيانشان شياگيۈن› دەپ ئاتىدۇق.» سۈي يۈنجى مۇنداق دېدى: «شۇ چاغدىن باشلاپ، بىزنىڭ بارلىق ئەترگۈل يېڭى سورتلىرىمىز ‹تىيانشان› يۈرۈشلۈك ئەترگۈللىرى دېگەن نامدا ئاتالدى».